Orundidi sémfuniye,
Tengkesh sayrap, chélip saz.




1. ھەرپلەرنى سۆزلەر بىلەن تۇتاشتۇرايلى.

Herplerni sözler bilen tutashturayli.




2. ھەرپلەرنى تېپىپ ئوخشاش رەڭدە بوياپلايمەن.

Herplerni tépi oxshash rengde boyiyalaymen.




دادا ھاۋا چيۋن دەرەخ

ۋەتەن پۇرژنا

3. ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇيالايمەن.

Herplerni qoshup oquyalaymen.







4. سۆز ياسيالايمەن.

Söz yasiyalaymen.




5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى دەپ بېرەلەيمەن.

Töwendiki sözlerning qanche herp ve qanche boghumdin tüzülgenlikini dep béreleymen.



6. تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئىسمىنى يازالايمەن.

Töwendikilerning ismini yalaymen.

















# ھويلامدىكى ھايۋانلار

# Hoylamdiki haywanlar



# خوراز مەن قوقۇق

# Xoraz men qoquq

زاماندىن پاكزات



تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق» دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.

خوراز بولساڭ سەن،
مېكىيان قېنى؟
يامانلاپ كەتتى،
ئاز ئىمىش دېنى.

تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق» دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.

خوراز بولساڭ سەن،
قېنى چۈجەڭ يوق؟
يامانلاپ كەتتى،
ئۆينى دەپ سوغۇق.

Tiki, tok-tok-tok,
Öyde adem yoq.
Kimsen Yoq dégen,
Xoraz men Qoquq.

Xoraz bolsang sen,
Mékiyan qéni
Yamanlap ketti,
Az imish déni.

Tiki, tok-tok-tok,
Öyde adem yoq.
Kimsen, Yoq dégen,
Xoraz men, Qoquq.



Xoraz bolsang sen,
Qéni chüjeng yoq
Yamanlap ketti,
Öyni dep soghuq.





تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق» دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.

تىكى، توك-توك-توك،
ئۆيدە ئادەم يوق.
كىمسەن «يوق» دېگەن؟
خوراز مەن قوقۇق.

سەن خورازمۇ سەن؟
ئاۋازىڭ بوغۇق.
خوتۇن-بالاڭ يوق،
كۆڭلۈڭ بەك مۇڭلۇق.



قىچقىرىپ باققىن!
تەندە مادار يوق.
سەن قانداق قوق-قوق؟
ئۆيۈڭ ئەڭ سوغۇق.

يەنە ئاش-نان يوق،
بەدەندە جان يوق.
تاجى بارلاردا،
سەن كەبى خان يوق.

Tiki, tok-tok-tok,
Öyde adem yoq.
Kimsen, Yoq dégen,
Xoraz men, Qoquq.

Tiki, tok-tok-tok,
Öyde adem yoq.
Kimsen, Yoq dégen,
Xoraz men, Qoquq.

Sen xorazmu sen,
Awazing boghuq.
Xotun-balang yoq,
Könglüng bek mungluq.

Qichqirip baqqin!
Tende madar yoq.
Sen qandaq qoq-qoq
Öyüng eng soghuq.

Yene ash-nan yoq,
Bedende jan yoq.
Taji barlarda,
Sen kebi xan yoq.







# چۈمۈله

# Chümüle

Chümüleyu chümüle,
Yolung qeyerge
Künde ozuq toshuysen,
Chümülüp Terge.

Chümüleyu chümüle,
Belbagh bélingde.
Pildek yükni toshuysen,
Qildek téningde.

چۈمۈلەيۇ چۈمۈلە،
يولۇڭ قەيەرگە؟
كۈندە ئوزۇق توشۇيسەن،
چۈمۈلۈپ تەرگە.

چۈمۈلەيۇ چۈمۈلە،
بەلباغ بېلىڭدە.
پىلدەك يۈكنى توشۇيسەن،
قىلدەك تېنىڭدە.



# چېكەتكە

## Chiketke

زاماندىن پاكزات



چېكەتكە،
بارماستىنلا مەكتەپكە،
ھەركۈنى كەچتە،
ئۆزىنىڭكى ئۆيدە،
شىۋاقلارنىڭ تۈۋىدە،
ئۆزى ناخشا ئۆگەنگەچكە؛
كۈچەپ، دىر-دىر دىرىلداپ،
توختىماستىن چىرىلداپ،
(كۆزلىرى پولتىيىپ كەتكۈچە)
ئۆگىنىپ بولالمىدى ناخشىنى،
چىرىلداشتىن باشقىنى.
نەدە بار
ساي كۆرمىگەن ئۆچكىنىڭ،
قىردىن ئاشقىنى؟!
ئەگەر چېكەتكە،
بارسا مەكتەپكە
تورغاي ئۇنىڭغا مۇئەللىم بولىدۇ.

ناخشىنىغۇ ئۆگەتسە خوپ،
سەللا ئۆتسە سەۋەنلىك
(ھەركىم كېلىدىغۇ ئېۋەنلىك)
تورغاينىڭ قاتتىق ئاچچىغى كېلىدۇ،
چېكەتكىنىڭ كۆزىنى ئاچمىغى كېلىدۇ،
شۇنىڭغا دۆڭگەپ
«ۋاي نانقىپى!» دەپ،
سالار ئۇنى يەپ!
تورغاي چېكەتكىگە مۇئەللىم بولىدۇ،
ئۇنىڭ ئەزىز باشگە زامىن بولىدۇ،
بۇ ساۋاقنى بىلگەن چېكەتكە،
ئوقۇمىسىمۇ ئالىم بولىدۇ.



Chéketke,
Barmastin mektepke,
Herküni kechte,
Öziningki öyide,
Shiwaqlarning tüwide,
Özi naxsha ögengechi;
Küchep, dir-dir dirildap,
Toxtimastin chirildap,
(Közliri poltiyip ketküche)
Öginip bolalmidi naxshini,
Chirildashtin bashqini.
Nede bar
Say körmigen Öchkining,
Qirdin ashqini?!
Eger Chéketke,
Barsa mektepke
Torghay uninggha muellim bolidu.
Naxshinighu ögetse xop,
Sella ötse sewenlik
(Herkim kélidighu éwenlik)
Torghayning achchighi kélidu,
Chéketkining közini achmighi kélidu,
Shuninggha dönggep
«Way nanqépi!» dep,
Salar uni yep!
Torghay Chéketkige muellim bolidu,
Uning eziz bashige zamin bolidu,

Bu sawaqni bilgen Chéketke,
Oqumisimu alim bolidu.



# قونچاق مۈشۈك
# Qonchaq müshük

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

مەن ئويىنسام ئوينايدۇ،
مياڭ، مياڭ مۈشۈكۈم.
ئىككى كۆزى چىرايلىق،
ئاغزى، بۇرنى تۆشۈكۈم.

يەيدىغانغا گۆشى يوق،
گۆشكىمۇ ھەم خوشى يوق.
ۋايجان، ۋايىيە دېمەيدۇ،
تەگسە تاياق ياكى ئوق.

بولىدىكەن چىداملىق،
قونچاق مۈشۈك مۇشۇنداق.
چۈمۈلىلەر كېلەرمۇ؟
ئەتە تويغا چىللىساق.



Men oynisam oynaydu,
Miyang, miyang müshüküm.
Ikki közi chirayliq,
Aghzi, burni töshüküm.

Yeydighangha göshi yoq,
Göshkimu hem xoshi yoq.
Wayjan, wayyey démeydu,
Tegse tayaq yaki oq.

Bolidiken chidamliq,
Qonchaq müshük mushundaq,
Chümüliler kélermu
Ete toygha chillisaq.



# كىسىر، كىسىر چاشقان
# Kisir, kisir chashqan

Kisir-kisir chashqan,
Xalta körse achqan.
Anam yaqqan toqachni,
Chishlep, ghajap qachqan.

كىسىر-كىسىر چاشقان،
خالتا كۆرسە ئاچقان.
ئانام ياققان توقاچنى،
چىشلەپ، غاجاپ قاچقان.

Kisir-kisir chashqan,
Ashni buzup, chachqan.
Barar yéri exlet,
Yeydu ashqan-tashqan.

كىسىر-كىسىر چاشقان،
ئاشنى بۇزۇپ، چاچقان.
بارار يېرى ئەخلەت،
يەيدۇ ئاشقان-تاشقان.

Oghri bolghach chashqan,
Müshük uni basqan.
Nede bolsa ur-ur,
Her bulungda qapqan.

ئوغرى بولغاچ چاشقان،
مۈشۈك ئۇنى باسقان.
نەدە بولسا ئۇر-ئۇر،
ھەر بۇلۇڭدا قاپقان.



# كەل قارلىغاچ
# Kel qarlighach

Qara qanat, aq qorsaq,
Omaq Qarlighach.
Qarap qaldim uwanggha,
Séni séghinghach.

Sen kelmiseng qara qish,
Qonup qalghudek.
Muz yaghdurup yurtumgha,
Turup qalghudek.

Kel qarlighach, qarlighach,
Bahar bolup kel.
Qaqshal yerge yamghurdek,
Yaghar bolup kel.

قارا قانات. ئاق قورساق،
ئوماق قارلىغاچ.
قاراپ قالدىم ئۇۋاڭغا،
سېنى سېغىنغاچ.

سەن كەلمىسەڭ قارا قىش،
قونۇپ قالغۇدەك.
مۇز ياغدۇرۇپ يۇرتۇمغا،
تۇرۇپ قالغۇدەك.

كەل قارلىغاچ، قارلىغاچ.
باھار بولۇپ كەل.
قاقشال يەرگە يامغۇردەك،
ياغار بولۇپ كەل.



# قاراۋۇل كۈچۈك
# Qawul küchük

Öyge qaraymen,
Kölge qaraymen,
Baghcham renggareng,
Hushyar qoghdaymen.

Qagha, quchqachlar,
Gülni choqalmas.
Chashqanlar öyde,
Naxsha oqalmas.

Her yerge chichalmas,
Mékiyan hazazul.
Bolghach hoylida,
Özüm qarawul.

ئۆيگە قارايمەن،
كۆلگە قارايمەن،
باغچام رەڭگارەڭ،
ھۇشيار قوغدايمەن.

قاغا، قۇچقاچلار،
گۈلنى چوقالماس.
چاشقانلار ئۆيدە،
ناخشا ئوقالماس.

ھەر يەرگە چىچماس،
مېكىيان ھازازۇل.
بولغاچ ھويلىدا،
ئۆزۈم قاراۋۇل.



# قەشقەر
# Qeshqer



# خامان لاي-لاي
# Xaman layla

Bughday pishti,
Oxshap hay-hay.
Orup kelduq,
Hayal qalmay.

بۇغداي پىشتى،
ئوخشاپ هاي-هاي.
ئورۇپ كەلدۇق،
هايال قالماي.

Tuluq salduq,
Xaman boldi.
Enje yumshap,
Saman boldi.

تۇلۇق سالدۇق،
خامان بولدى.
ئەنجە يۇمشاپ،
سامان بولدى.

Dan ayrilip,
Taghdek boldi.
Tamaq etsek,
Yaghdek boldi.

دان ئايرىلىپ،
تاغدەك بولدى.
تاماق ئەتسەك،
ياغدەك بولدى.



# قەشقەردىكى بالىلار
# Qeshqerdiki balilar

ئىززەتگۈل ساتتار

باغقا باشلاپ كىرەر، دەپ،
ئانار ئۈزۈپ بېرەر، دەپ،
شەربەت سىقىپ چىقار، دەپ.
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز
قەشقەردىكى بالىلار.

مول داستىخان سالار، دەپ،
تاتلىق تۈرۈم تىزار، دەپ،
چايغا ناۋات سالار، دەپ.
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز
قەشقەردىكى بالىلار.

Baghqa bashlap kirer, dep,
Anar üzüp bérer, dep,
Sherbet siqip chiqar, dep,
biz silerni izdeymiz
Qeshqerdiki balilar.

Mol dastixan salar, dep,
Tatliq türüm tizar, dep,
Chaygha nawat salar, dep,
biz silerni izdeymiz
Qeshqerdiki balilar.



Satarini alsun, dep,
Nuzugumgha chalsun, dep,
Jushqun sama salsun, dep,
biz silerni izdeymiz
Qeshqerdiki balilar.

Chamghur bolsaq yular, dep,
Qoghlashmaqta utar, dep,
Bizge yaghliq tutar, dep,
biz silerni izdeymiz
Qeshqerdiki balilar.

Janggallargha bashlar, dep,
Toshqangha tor tashlar, dep,
Kawaptin chogh chachrar, dep,
biz silerni izdeymiz
Qeshqerdiki balilar.

ساتارىنى ئالسۇن، دەپ،
نۇزۇگۇمغا چالسۇن، دەپ،
جۇشقۇن ساما سالسۇن، دەپ،
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز
قەشقەردىكى باللار.

چامغۇر بولساق يۇلار، دەپ،
قوغلاشماقتا ئۇتار، دەپ،
بىزگە ياغلىق تۇتار، دەپ،
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز
قەشقەردىكى باللار.

جاڭگاللارغا باشلار، دەپ،
توشقانغا تور تاشلار، دەپ،
كاۋاپتىن چوغ چاچرار، دەپ،
بىز سىلەرنى ئىزدەيمىز
قەشقەردىكى باللار.





# كارىزچى تۇرپان

# Karizchi Turpan



# كارىزچى تۇرپان

# Karizchi Turpan

تۇرپان بۇرۇندىن،
باتۇر بالىكەن.
تەڭرىتاغ ئاتا،
تارىم ئانىكەن.

بىر چۈش كۆرۈپتۇ،
سەھەردە تۇرپان.
قولدا كەتمەن،
ئالدىدا ساپان.

ئۈيغىنىپ دەپتۇ،
دېھقان بولاي مەن.
باغ-ئېتىزغا سۇ،
ئىزدەپ تاپاي مەن.

بۇلاقنى بويلاپ،
كولاپ بېقىپتۇ.
يەر ئاستىدىن سۇ،
باشلاپ چىقىپتۇ.

قازغان ئېرىقنى،
كارىز ئاتاپتۇ.
سۇسىز زېمىندا،
باغچا ياساپتۇ.



Turpan burundin,
Batur baliken.
Tengritagh ata,
Tarim Aniken.

Bir chüsh körüptu,
Seherde Turpan.
Qolida ketmen,
Aldida sapan.

Oyghinip deptu,
Déhqan bolay men.
Bagh-étizgha su,
Izdep tapay men.

Bulaqni boylap,
Kolap béqiptu.
Yer astidin su,
Bashlap chiqiptu.

Qazghan iriqni,
Kariz ataptu.
Susiz zéminda,
Baghcha yasaptu.



# ئەتكەن چاي
# Etken chay

چاي، چاي،
ئەتكەن چاي.
تەمى دىلغا
ياققان چاي.

جۇشقۇن قىلار
يۈرەكنى.
كۈچلۈك قىلار
بىلەكنى.

يۈكسەلدۈرەر
تىلەكنى.
ھۆرۈنلۈقنى
تەپكەن چاي.

Chay, chay,
Etken chay.
Temi dilgha
Yaqqan chay.

Jushqun qilar
Yürekni.
Küchlük qilar
Bilekni.

Yükseldürer
Tilekni.
Hurunluqni
Tepken chay.



# ياتار قۇملۇق پۇشۇلداپ

# Yatar qumluq pushuldap

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۈرك

كۈلەر قۇملۇق كۆزلەردەك،
قۇياش قىيا باققاندا،
ئاپتاپ چوغدەك لېۋىنى،
يۈزلىرىگە ياققاندا.

Küler qumluq közlerdek,
Quyash qiya baqqanda.
Aptap choghdek léwini,
Yüzlirige yaqqanda.

گاھى شىردەك ھۇۋلايدۇ،
ئىشىك قېقىپ توۋلايدۇ.
نەشتەر ئۇرۇپ شۇم بوران،
يۈرىكىنى چاققاندا.

Gahi shirdek huwlaydu,
Ishik qéqip towlaydu.
Neshter urup shum boran,
Yürikini chaqqanda.

گاھى يۇمۇپ كۆزىنى،
دېمەستىن ھېچ سۆزىنى.
ياتار ئېغىر پۇشۇلداپ،
ئاي ئاسماندا ماڭغاندا.

Gah yumup közini,
Démestin héch sözini.
Yatar pushuldap,
Ay asmanda mangghanda.



# ئېيتىڭلارچۇ تۆگىلەر
# Éytinglarchu tögiler

Ey tögiler, tögiler,
Keldinglarkin qeyerdin?
Chöchek éytip béringlar,
Siler barghan sheherdin.

Anglanglar ey balilar,
Kelduq bügün Uyghurdin.
Toqach tutti momanglar,
Yéngi chiqqan tonurdin.

Uyghurdiki baghlarda,
Qushlar duttar chalarken.
Yaylaqlarda taychaqlar,
Erkin sama salarken.

Mehellide balilar,
Kepter, Keklik baqarken.
Östenglerge chömülüp,
Dolqun bilen aqarken.

ئەي تۆگىلەر، تۆگىلەر،
كەلدىڭلاركىن قەيەردىن؟
چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭلار،
سىلەر بارغان شەھەردىن.

ئاڭلاڭلار ئەي بالىلار،
كەلدۇق بۈگۈن ئۇيغۇردىن.
توقاچ تۇتتى موماڭلار،
يېڭى چىققان تونۇردىن.

ئۇيغۇردىكى باغلاردا،
قۇشلار دۇتتار چالاركەن،
يايلاقلاردا تايچاقلار،
ئەركىن ساما سالاركەن.

مەھەللىدە بالىلار،
كەپتەر، كەكلىك باقاركەن.
ئۆستەڭلەرگە چۆمۈلۈپ،
دولقۇن بىلەن ئاقاركەن.





# سىناق سوئاللار

1. قەشقەردە باللار نىمە ئوينايدۇ؟ قەشقەردىكى ئويۇنلار، ئۆيلەر ۋە يوسۇنلار ھەققىدە بىر قانچە جۈملە يېزىڭ.

2. ئەگەر «قەشقەردىكى باللار» دېگەن شېئىرنى «تۇرپاندىكى باللار» دەپ ئۆزگەرتسەك قانداق بولار؟ قەشقەر دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا خوتەن، ئاقسۇ، كورلا، ئارتۇچ، قومۇل دېگەن يۇرتلارنىڭ ئىسمىنى قويۇپ بېقىڭ ۋە پەرقلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ.

3. چوڭلاردىن ئۇيغۇردا تۆگىگە ئائىت قانداق ماقاللار بار، سوراپ بېقىڭلار. ئۈلگە: «تۆگىمنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قاپتۇ».

4. ئاتا-ئانىلاردىن سوراپ بېقىڭلار، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شاھلىرى نىمە ئۈچۈن ئۆزىنى بۇغراخان دەيدۇ؟ نىمىشقا ئۇيغۇرلاردا بۇغرا دېگەن فامىلە كۆپ ئۇچرايدۇ؟ بۇغرا دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ كېلىڭلار. تۆگىنى «قۇملۇقتىكى قولۋاق» دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭلار ۋە شۇ ماۋزۇدا بىر ئابزاس يېزىڭلار ۋە رەسىم سىزىڭلار.

5. ئەتكەن چاينى قەيەرلەردە كۆپ ئىچىدۇ؟ ئاتاڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار. ئەتكەن چاي ئېتىش ئۇسۇلىنى سوراڭلار ۋە يېزىپ كېلىڭلار.

6. داداڭلاردىن «ئەنجە، چەش، خامان، تۇلۇق، باشاق، ئېگىز، ساپان، سۆرەم» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سوراپ بېقىڭلار. «قۇتسىز قۇدۇققا كىرسە قۇم ياغار» دېگەن ماقالنىڭ مەنىسىنى يېزىپ كېلىڭلار.

# Sinaq suallar

1. Qeshqerde balilar néme oynaydu? Qeshqerdiki oyunlar, öyler we yosunlar heqqide bir qanche jümle yézing.

2. Eger «Qeshqerdiki balilar» dégen shéirni «Turpandiki balilar» dep özgertsek qandaq bolar? Qeshqer dégen sözning ornigha Xoten, Aqsu, Korla, Artuch, Qomul dégen yurtlarning ismini qoyup béqing we perqlerni sözlep béring.

3. Chonglardin Uyghurda tögige ait qandaq maqallar bar, sorap béqinglar. Ülge: «Tügmini dep tögidin quruq qaptu».

4. Ata-ananglardin sorap béqinglar, Qaraxaniylar dölitining shahliri néme üchün özini Bughraxan deydu? Némishqa Uyghurlarda Bughra dégen famile köp uchraydu? Bughra dégen sözning menisini bilip kélinglar. Tögini «qumluqtiki qolwaq» dep tesewwur qilinglar we shu mawzuda bir abzas yézinglar we resim sizinglar.

5. Etken chayni qeyerde köp ichidu? Anaglardin sorap béqinglar. Etken chay étish usulini soranglar we yézip kélinglar.

6. Dadanglardin «enje, chesh, xaman, tuluq, bashaq, éngiz, sapan, sörem» dégen sözlerning menisini sorap béqinglar. «Qutsiz quduqqa kirse qum yaghar» dégen maqalning menisini yézip kélinglar.

7. مۇنۇ خامان ناخشىسىنى ئوقۇپ بېقىڭلار:

## خامان ناخشىسى

سەلكىن چىقسا بۇغدايدىن،
سامان ئايرىيدۇ.
ئۇرۇق-تۇغقان، دوستلاردىن،
زامان ئايرىيدۇ.
خامان تەپكەن ئات-كالا،
ئوت-چۆپ چايناپدۇ.
بىكار ياتقان ئىتقا دەپ،
كېپەك قايناپدۇ.
تەگشەلمىگەن جاھان بۇ،
يامان ياراپدۇ.
ياخشىلارغا ھويلىدا،
ھوقۇش سايراپدۇ.

8. ئاتا-ئانالارنىڭ بىلىمىنى سىناپ بېقىڭلار، تەكلىماكان دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇقمۇ؟ قۇملىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەكلىماكان قانداق شەكىللەنگەن؟ قۇمدىن نېمىلەر ياسىلىدۇ؟ ئۇيغۇرلاردا قۇم بىلەن قانداق كېسەللەر داۋالىنىدۇ؟
ئاتا-ئانالاردىن «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق كىتابنى سوراپ بېقىڭلار، ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ بېقىڭلار.

7. Munu Xaman naxshisini oqup béqinglar:

*Xaman naxshisi*

*Selkin chiqsa bughdaydin,*
*Saman ayriydu.*
*Uruq-tughqan, dostlardin,*
*Zaman ayriydu.*
*Xaman tepken at-kala,*
*Ot-chöp chaynaydu.*
*Bikar yatqan itqa dep,*
*Képek qaynaydu.*
*Tengshelmigen jahan bu,*
*Yaman yayraydu.*
*Yaxshilargha hoylida,*
*Huqush sayraydu.*

8. Ata-ananglarning bilimini sinap béqinglar. Teklimakan dunya boyiche eng chong qumluqmu? Qumliship kétishning sewebi néme? Teklimakan qandaq shekillengen? Qumdin némiler yasilidu? Uyghurlarda qum bilen qandaq késeller dawalinidu?
Ata-ananglardin «Qum basqan sheher» namliq kitabni sorap béqinglar, oqutup anglap béqinglar.

9. كىچىك دوستلار، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ داستىخاندا نېمىلەر بار ئىكەن؟

Kichik dostlar, qéni éytip béqinglarchu dastixanda némiler bar iken?




10. بالا نەگە ماڭدى؟ كالا نېمە يەيدۇ، نېمە ئىچىدۇ؟ رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار ۋە رەسىمگە قاراپ بەش جۈملە يېزىڭلار.

Bala nege mangdi? Kala néme yeydu, néme ichidu? Resimdiki nersilerning ismini yézinglar we resimge qarap besh jümle yézinglar.



# ئوينايدىغان بالىلار بارمۇ؟



@gulnaz_tursun_ar

# ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
# Oynaydighan bala barmu?

ئابلىكىم ھەسەن

Aq tash, kök tash,
Derya boyi süzük tash.
Séning bilen men adash,
Oynaydighan bala barmu?

Oynaydighan bala barmu?
Möreydighan kala barmu?
Düppür-düppür atlar barmu?
Yayraydighan dala barmu?

Suni körsem Béliqmen,
Derya emes ériqmen.
Qish waqtida oynashqa,
Chatidighan chana barmu?

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۈزۈك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟
دۈپپۈر-دۈپپۈر ئاتلار بارمۇ؟
يايرايدىغان دالا بارمۇ؟

سۈنى كۆرسەم بېلىقمەن،
دەريا ئەمەس ئېرىقمەن.
قىش ۋاقتىدا ئويناشقا،
چاتىدىغان چانا بارمۇ؟



# پومزەك
# Pomzek

زاماندىن پاكزات

پومزەك دۈگۈلەيدۇ،
ئۆيدە چۆرگۈلەيدۇ.
كەينىدىن بوۋاق،
قوغلاپ ئۆمۈلەيدۇ.

بوۋاق توختىسا،
توپمۇ توختايدۇ.
ئىككىسى شۇنداق،
ئويۇن ئوينايدۇ.

Pomzek dügüleydu,
Öyde chörgüleydu.
Keynidin bowaq,
Qoglap ömüleydu.



Bowaq toxtisa,
Topmu toxtaydu.
Ikkisi shundaq,
Oyun oynaydu.

Bowaq harghanda,
Topmu haridu.
Bowaq uxlisa,
Topmu yénida
Uxlap qalidu.

Ikkisi bille,
Aram alidu.
Shundaq qiliship,
Shundaq étiship,
Ay-künler ötüp,
Chong bop qalidu.

Bir sirni emma,
Héchkim bilmeydu.
Bowaq yoghinap,
Top kichikleydu.

بوۋاق ھارغاندا،
توپمۇ ھارىدۇ.
بوۋاق ئۇخلىسا،
توپمۇ يېنىدا
ئۇخلاپ قالىدۇ.

ئىككىسى بىللە،
ئارام ئالىدۇ.
شۇنداق قىلىشىپ،
شۇنداق ئېتىشىپ،
ئاي-كۈنلەر ئۆتۈپ،
چوڭ بوپ قالىدۇ.

بىر سىرنى ئەمما،
ھېچكىم بىلمەيدۇ.
بوۋاق يوغىناپ،
توپ كىچىكلەيدۇ.



# بالىلار

## Balilar

زۇنۇنجان مەمتىمىن شۈكران

كىتابلار دان چاچقاندا،
چۇرۇقلىغان بالىلار.
تاشلاپ قويسام بىر سوئال،
پورۇقلىغان بالىلار.

چەك قويۇلسا شوخلۇققا،
بۇقۇلدىغان بالىلار.
ئەركىلەتسەم، چۆجىدەك،
چۇكۇلدىغان بالىلار.

سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك،
شىرىلدىغان بالىلار.
ئۇخلاپ قېلىپ پارتىدا،
خورۇلدىغان بالىلار.



Kitablar dan chachqanda,
Churuqlighan balilar.
Tashlap qoysam bir soal,
Puruqlighan balilar.

Chek qoyulsa shoxluqqa,
Buquldighan balilar.
Erkiletsem, Chöjidek,
Chukuldighan balilar.

Süzük bulaq süyidek,
Shirildighan balilar.
Uxlap qélip partida,
Xoruldighan balilar.



# تال چىۋىقىم
# Tal chiwiqim

Tal chiwiqim tézraq chap,
Ormanliqqa kéteyli.
Öydin yiraq dunyaning,
Sirlirini yésheyli.

Ormanliqta saz barmu?
Ketmeydighan yaz barmu?
Shildir-shildir sularda,
Ghaq-ghaq qilghan ghaz barmu?

Térek béshida ay barmu?
ériq barmu, lay barmu?
Qumushlarni ney qilsam,
Chalidighan jay barmu?

Tal chiwiqim tézraq chap,
Qaldim men bek aldirap.
Biz barmisaq ormangha,
Sirlar qalar yatsirap.

تال چىۋىقىم تېزراق چاپ،
ئورمانلىققا كېتەيلى.
ئۆيدىن يىراق دۇنيانىڭ،
سىرلىرىنى يېشەيلى.

ئورمانلىقتا ساز بارمۇ؟
كەتمەيدىغان ياز بارمۇ؟
شىلدىر-شىلدىر سۇلاردا،
غاق-غاق قىلغان غاز بارمۇ؟

تېرەك بېشىدا ئاي بارمۇ؟
ئېرىق بارمۇ، لاي بارمۇ؟
قۇمۇشلارنى نەي قىلسام،
چالىدىغان جاي بارمۇ؟

تال چىۋىقىم تېزراق چاپ،
قالدىم مەن بەك ئالدىراپ،
بىز بارمىساق ئورمانغا،
سىرلار قالار ياتسىراپ.



# سايەم

# Sayem

زاماندىن پاكزات

كىرىۋالدى كەينىمگە سايەم،
يۈگۈرسەم يۈگۈرۈپ،
توختىسام توختاپ.
بىر ئوڭۇمدا ئۇ،
بىر سولۇمدا ئۇ،
بىر ئالدىمدا ئۇ،
بىر ئارقامدا ئۇ،
ئاۋارە شۇنداق،
قالامدۇ ھېرىپ؟
كەتمەمدۇ ئۇسساپ؟

يانچۇقۇمدا بار،
بىر تال قۇرۇتۇم،
قالغانمىدۇ ئۇ
ئاشۇنى پۇراپ؟
ئۇنى ئىنىمگە
ئېلىپ ماڭغانتىم،
بۇ سايە ئۇنى
ئالماس ئوغرىلاپ (-ھە)؟



Kiriwaldi keynimge sayem,
Yügürsem yügürüp,
Toxtisam toxtap.
Bir ongumda u,
Bir solumda u,
Bir aldimda u,
Bir arqamda u,
Aware shundaq,
Qalmamdu hérip?
Ketmemdu ussap?

Yanchuqumda bar,
Bir tal qurutum.
Qalghanmidu u
Ashuni purap?
Uni inimge
élip mangghantim,
Bu saye uni
Almas oghrilap (-he)?



Anam chaqirdi,
Chüshlük uyqugha.
Sayem ishikte,
qépqaldi toxtap.

Kettuq uyqugha,
Hékaye anglap.
Inim qurtni,
Ghajilap qasap.

Sayem ishikte
Turamdu saqlap?
We yaki umu,
Kettimu uxlap?

Yene egisher,
Chiqsammen oynap.
U manga amraq?
Bu belki shundaq.

ئانام چاقىردى،
چۈشلۈك ئۇيقۇغا.
سايەم ئىشىكتە،
قېپقالدى توختاپ.

كەتتۇق ئۇيقۇغا،
ھېكايە ئاڭلاپ.
ئىنىم قۇرتنى،
غاجىلاپ قاساپ.

سايەم ئىشىكتە
تۇرامدۇ ساقلاپ؟
ۋە ياكى ئۇمۇ،
كەتتىمۇ ئۇخلاپ؟

يەنە ئەگىشەر،
چىقسامّەن ئويناپ.
ئۇ ماڭا ئامراق؟
بۇ بەلكى شۇنداق.







# قوشاق ئېيتايلى
# Qoshaq éytayli

كەلگىن جان ئاداش،
قوشاق ئېيتايلى.
يالغۇز قالمىغىن،
قوشلاپ ئېيتايلى.

قوشاق باشلىدىم،
ئىسمىم ئۇيغۇر ئاي.
ھەممە ھەرپىنى،
بىلىمەن قويماي.

نۆۋەت مېنىڭكى،
ئىسمىم ئەرتوگا.
داستاننى باشلاي،
قۇلاق سال ماڭا.

ئىسمىم مۇستەقىل،
باتۇر بالىمەن.
ئۆينى ئوغرىدىن،
قوغداپ قالىمەن.



Kelgin jan adash,
Qoshaq éytayli.
Yalghuz qalmighin,
Qoshlap éytayli.

Qoshaq bashlidim,
Ismim Uyghur ay.
Hemme herpni,
Bilimen qoymay.

Nöwet méningki,
Ismim Erunga.
Dastanni bashlay,
Qulaq sal manga.

Ismim musteqil,
Batur balimen.
Öyni oghridin,
Qoghdap qalimen.

# ئاق تېرەك، كۆك تېرەك
# Aq térek, kök térek

ـ ئاق تېرەك
ـ كۆك تېرەك،
ـ بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
ـ باتۇر ئوغۇل-قىز كېرەك.
ـ باتۇر قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟
ـ ئىسمى ئۇنىڭ نادىرە.
ـ كۈچۈڭ يەتسە كېلىپ ئال،
ـ سېپىمىزنى يېرىپ ئال.

- Aq térek
- Kök térek
- Bizdin sizge kim kérek?
- Batur oghul-qiz kérek.
- Batur qizning ismi néme?
- Ismi uning Nadire.
- Küchüng yetse kélip al,
- Sépimizi yérip al.



# تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

# Tépinglarchu u néme?

ئابدۇۋايىت ئابلىز

1

تولۇن ئايدەك يۇمۇلاق،
پىشار ئوتتا قاقلىنىپ،
كۈنجۈت، پىياز، سىيادان،
تۇرار ئاڭا چاپلىنىپ.
ھەممە ئامراق يېمەكلىك،
تېپىپ بېقىڭ ئويلىنىپ.

Tolun aydek yumulaq,
Pishar otta qaqlinip.
Künjüt, piyaz, siyadan,
Turar anga chaplinip.
Hemme amraq yémeklik,
Tépip béqing oylinip.



## 2

مەيلى ئاچقىن ئىشىكنى،
ياكى كۆرگىن تېلېۋىزور.
مەيلى سالغىن ئىمارەت،
ياكى ئولتۇر بەھۇزۇر.

ئۇ بولغاچقا ئولتۇرۇپ،
قىلالايمىز مەشغۇلات.
بەرگەن ھەرخىل بۇيرۇقلار،
ئىجرا بولار شۇ زامات.
بولساڭ ئەگەر ئەقىللىق،
جاۋابىنى تېپىپ باق.

Meyli achqin ishikni,
Yaki körgin téléwhzor.
Meyli salghin imaret,
Yaki oltur behuzur.

U bolghach olturup,
Qilalaymiz meshghulat.
Bergen her xil buyruqlar,
Ijra bolar shu zamat.
Bolsang eger eqilliq,
Jawabini tépip baq.





## 3

قۇياش چىقسا شەرقتىن،
ئۇ قارايدۇ شەرققە.
ئەگىشىپ ئۇ قۇياشقا،
كەچتە قارار غەربكە.

چېچەكلىرى ساپ-سېرىق،
يۈزى ئۇنىڭ توقاچ نان.
پەرۋىش قىلساڭ قانچىلىك،
بېرەر ساڭا شۇنچە دان.
تېپىڭ شۇڭا دوستلىرىم،
تېپىشماقتا كىم يامان؟

Quyash chiqsa sheriqtin,
U qaraydu sherqqe.
Egiship u quyashqa,
Kechte qarar gherbke.

Chéchekliri sap-sériq,
Yüzi uning toqach nan.
Perwish qilsang qanchilik,
Bérer sanga shunche dan.
Téping shunga dostlirim,
Tépishmaqta kim yaman?





## 4

Töt pesilde wichirlap,
Uchup yürer yéningda.
Qurt térip yüridu,
Sehradiki étizda.
Paydisi bar ziyansiz,
Yürer kocha-koyungda.

تۆت پەسىلدە ۋىچىرلاپ،
ئۇچۇپ يۈرەر يېنىڭدا.
قۇرت تېرىپ يۈرىدۇ،
سەھرادىكى ئېتىزدا.
پايدىسى بار زىيانسىز،
يۈرەر كوچا-كويۇڭدا.

## 5

Bahar kélip kökerse,
Yep kétimiz arzulap.
Qoy-kalilar taliship,
Yep toymaydu ay aylap.
Jawabini omaq dost,
Tépip baqqin téz oylap.

باھار كېلىپ كۆكەرسە،
يەپ كېتىمىز ئارزۇلاپ.
قوي-كالىلار تالىشىپ،
يەپ تويمايدۇ ئاي ئايلاپ.
جاۋابىنى ئوماق دوست،
تېپىپ باققىن تېز ئويلاپ.



# كۆكلەيدىغان سوئاللار

## Kökleydighan soallar

نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا،
ئاسمان ئېگىز، زېمىن پەس؟
مۇز تۇتمايدۇ يازدا سۇ،
قىشتا دەرەخ كۆكلىمەس؟

قونۇۋالغان دەرەخكە،
يوپۇرماقلار قوشمىدى؟
باھار بىلەن تەڭ كېلىپ،
كەچكۈزگىچە ئۇچمىدى.
چوققىسىنى تاغلارنىڭ،
كىملەر شۇنداق ئۇچلىدى؟

كۈن نېمىشقا يۇمۇلاق؟
يۇلتۇز تال-تال، ئاي ئورغاق؟
كۆكنىڭ ئىچى ئاغرىمدۇ،
ئۇسساپ كەتسە يەر قۇرغاق؟

باللىقتا ئۇلىنار،
خىياللارغا خىياللار.
ساددا خىيال ئىچىدىن،
ئۈنۈپ چىقار سوئاللار.

Néme üchün, némishqa,
Asman égiz, zémin pes?
Muz tutmaydu yazda su,
Qishta derex köklimes?

Qunuwalghan derexke,
Yopurmaqlar qushmidi?
Bahar bilen teng kélip,
Kechküzgiche uchmidi.
Choqqisini taghlarning,
Kimler shundaq uchlidi?

Kün némishqa yumulaq?
Yultuz tal-tal, ay orghaq?
Kökning ichi aghrimdu,
Ussap ketse yer qurghaq?

Baliliqta ulinar,
Xiyallargha xiyallar.
Sadda xiyal ichidin,
Ünüp chiqar soallar.

# قوش تەۋسىيەلىك جۈپ سوئال
# Qosh tewsiyelik jüp soal

## ئوماق بالىلارغا تەۋسىيە
## Omaq balilargha tewsiye

1. ئاتا-ئانىڭلاردىن كىچىك چاغلىرىدا قانداق قوشاقلارنى يادقا ئالغانلىقى ھەققىدە سوراپ بېقىڭلار. قاچان، قەيەردە قانداق قوشاق بىلەن قانداق ئويۇن ئوينىغان بولسا شۇنى خاتىرىلەپ چىقساڭلار بولىدۇ. مەكتەپتە ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار ۋە قانداق ئوينىلىدىغان بولسا سىزىپ ياكى يېزىپ كۆرسىتىڭلار.

Ata-anaglardin kichik chaghlirida qandaq qoshaqlarni yadqa alghanliqi heqqide sorap béqinglar. Qachan, qeyerde, qandaq qoshaq bilen qandaq oyun oynighan bolsa shuni xatirilep chiqsanglar bolidu. Mektepte oynaydighan oyunlarning ismini yézinglar we qandaq oynilidighan bolsa sizip yaki yézip körsitinglar.



2. رەسىمگە قاراپ ئويۇنلارنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار، قايسى ئويۇننى ئوينىغان بولساڭلار ئويناش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. ئويناپ باقمىغان ئويۇنلارنى ئاتا-ئاناڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار.

Resimge qarap oyunlarning ismini yézinglar, qaysi oyunni oynighan bolsanglar oynash usulini éytip béringlar. Oynap baqmighan oyunlarni ata-ananglardin sorap béqinglar.



# ئاتا-ئانىلارغا تەۋسىيە

# Ata-anilargha tewsiye

ئۇيغۇرلارنىڭ بېيىت ئېيتىش ئادىتى بار، بۇ ئادەت ھازىرمۇ قومۇل، تۇرپان قاتارلىق قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا تويلاردا داۋام قىلماقتا. بۇ ئادەت يەنە مەشرەپلەردە مەۋجۇت. مەشرەپتىكى چاي تۇتۇش ئويۇنىدا بېيىت ئېيتىش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ بۆلەكتە بالىلارغا ئانا تىل ئۆگىتىشنى قىزىقارلىق بىر ئويۇنغا ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. شۇڭا ئاتا-ئانىلاردىن ئۆيدە پەرزەنتلەر بىلەن «بېيىت ئېيتىش ئويۇنى»، «قارىمۇ قارشى سۆز تېپىش ئويۇنى»، «مەنىداش سۆز تېپىش ئويۇنى»... ئويناش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆچىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئۈلگە:

*دادا: باغدا گۈللەر ئېچىلار قۇياشقا بېقىپ،*
*بالا: مەن دادامغا چاي تۇتتۇم، سۈت، قايماق قېتىپ.*
*دادا: باھار كەلسە چېچەكلەر ئېچىلار گۈزەل،*
*بالا: بۇلبۇل، كاككۇك شادلىنىپ ئېيتىشار غەزەل.*

Uyghurlarning béyit éytish aditi bar, bu adet hazirmu Qomul, Turpan qatarliq qedimiy Uyghur yurtlirida toylarda dawam qilmaqta. bu adet yene meshreplerde mewjut. Meshreptiki «Chay tutush» oyunida béyit éytish adetke aylanghan. bu bölekte balilargha ana til ögitishni qiziqarliq bir oyungha aylandurush meqset qilinghan. Shunga ata-anilardin öyde perzentler bilen «Béyit éytish oyuni», «Qarmu qarshi söz tépish oyuni», «Menidash söz tépish oyuni»... oynash arqiliq balilarning til

iqtidarini yétildürüshke küchishini tewsiye qilimiz. Ülge:

*Dada: Baghda güller échilar quyashqa béqip.*
*Bala: Men dadamgha chay tuttum, süt-qaymaq qétip.*
*Dada: Bahar kelse chéchekler échilar güzel.*
*Bala: Bulbul, Kakkuk shadlinip éytishar ghezel.*




ئا: ئەينەك دېگىنە.
ب: ئەينەك.
ئا: داستىخاندا چەينەك.
ئا: كەكلىك دېگىنە.
ب: كەكلىك.
ئا: يۈرگىن دائىم رەتلىك.

A: Eynek dégine.
B: Eynek.
A: Dastixanda cheynek.
A: Keklik dégine.
B: Keklik.
A: Yürgin daim retlik.



## يېڭىلتماقلار

## Yéngiltmaqlar

قىشتا كىشمىش پىشماسمىش.

بىزنىڭ ئۆيدە تۆت تاكچا.
چەتتىكى تاكچا چاك تاكچا.



Qishta kishmish pishmasmish.

Bizning öyde töt takcha,
Chettiki takcha chak takcha.

# ئېلىپبە ناخشىسى

كومپوزىتور - نۇرى مەھمۇت









## 3 ـ ۋە 4 ـ كۇپلېت

تۇخۇم باسار «ب»-«پ»-«ي»،
«ف»-«ق» ياتار سوزۇلۇپ.
ئوخشاپ قالار «ۋ»-«ز»غا،
بېشى كەتسە بۇزۇلۇپ.

«ئوقيا»دىكى «يا» بىلەن،
«ز» قوشۇلسا «ياز» بولار.
«ي» ئورنىغا «غ» كەلسە،
ئۇچۇپ كېتەر «غاز» بولۇپ.

